# سەپلىرىڭلارنى رۇس قىلىڭلار، ئۇنداق بولمايدىكەن ئاللاھ تائالا دىللىرىڭلارنى قارىمۇ-قارشى قىلىۋېتىدۇ

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: سەپلىرىڭلارنى رۇس قىلىڭلار، ئۇنداق بولمايدىكەن ئاللاھ تائالا دىللىرىڭلارنى قارىمۇ-قارشى قىلىۋېتىدۇ. يەنە بىر ھەدىستە: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ سەپلىرىمىزنى تۈزلەيتى، خۇددى يا ئوقىنى تۈزلىگەندەك، سەپنىڭ تۈز بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنگەندە بولدى قىلاتتى. بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ نامازغا چىقتى ئىچىمىزدىن بىرىمىزنىڭ بىر ئاز ئالدىغا چىقىپ قالغىنىنى كۆردى، شۇ ئان مۇنداق دېدى: ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى سەپلىرىڭلارنى رۇس قىلىڭلار، ئۇنداق بولمايدىكەن ئاللاھ تائالا دىللىرىڭلارنى قارىمۇ-قارشى قىلىۋېتىدۇ
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا سەپلەرنى تۈز قىلمىسا، سەپنى تۈز بولمىغان كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى قارىمۇ-قارشى قىلىۋېتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئاللاھنىڭ جازاسى نامازدا سەپلەرنى تۈز قىلماي، ئارىلىق قوياپ ناماز ئوقۇغاندىن كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەرگە سۆز-ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆگىتەتتى، سەپلەرنى تۈزەشنىڭ مۇھىملىقىنى ساھابىلەر بىلگەنگە قەدەر ھەتتا قولى بىلەن ئۆگىتەتتى. قايسى بىر نامازدا بىر ساھابىنىڭ سەپ ئالدىغا چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپلەندى ۋە دېدى: ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى سەپلىرىڭلارنى رۇس قىلىڭلار، ئۇنداق بولمايدىكەن ئاللاھ تائالا دىللىرىڭلارنى قارىمۇ-قارشى قىلىۋېتىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3085

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee